# 100 مىليونلىغان خەلقنىڭ كۈچى مۇجەسسەملەنگەن ئۇلۇغۋار پىلان

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. يىرىك پىلان تەكلىپىدىن يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىگىچە، ئۇ ئۆزى پىلانلىدى، ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى، مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ يوليورۇق بېرىپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەر توغرىسىدا ۋاقتىدا ئۆتكەلنى ئىگىلەپ يۆنىلىشنى بەلگىلەپ، يىرىك پىلاننى تۈزۈشنىڭ باشتىن - ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

2020 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

«تەكلىپ نۇسخىسىنى تەييارلاشتا پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قارىتا چىقىرىلغان ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئالغا سىلجىتىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كەلگۈسى بىر مەزگىلدىكى دۆلەت ئىچى - سىرتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات شارائىتىنى ئۇنىۋېرسال ئويلىشىپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ‹14 - بەش يىل› مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىغا قارىتا سىستېمىلىق پىلانلاش ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىشنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئويلاشتۇق».

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يىرىك پىلان تەكلىپىنى تەييارلاشقا ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدا ئومۇمىي يىغىنغا چۈشەنچە بەرگەندە شۇنداق تەكىتلىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: تەكلىپ تۈزۈش ئارقىلىق، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي پىكىر يولى، ئاساسلىق نىشانى ھەمدە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكلەش رولى گەۋدىلەندۈرۈلدى، بىر تۈركۈم بەلگە خاراكتېرلىك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئالدىن كۆرەرلىككە، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىككە، ئاساس خاراكتېرلىككە، قاراتمىلىققا ئىگە مۇھىم، زور تەدبىرلەر يولغا قويۇلدى، مۇھىم ساھەلەردىكى داۋاملاشما ئىسلاھاتلار بىرتۇتاش ياخشى پىلانلىنىپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، گوۋۇيۈەن «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «پىروگرامما لايىھەسى»نى تۈزۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەركەز تەكلىپىنىڭ روھىغا ئومۇميۈزلۈك ئۆلچەم بويىچە توغرىلىنىپ، قانۇن - نىزام بويىچە توغرىلىنىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ۋە مۇھىم، زور ۋەزىپىلىرىنى ھەقىقىيلەشتۈرۈپ، مىقدارلاشتۇرۇپ، يىرىك پىلان پىروگرامما لايىھەسىنى تەييارلاپ شەكىللەندۈردى ھەم 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇندى.

بۇ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش يېڭى سەھىپىسىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى ——

خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى مۇھىم شەكىل.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىز 14 بەش يىللىق يىرىك پىلان (پىلان) ئارقىلىق نامراتلىقتىن، قالاقلىقتىن گۈللىنىشكە، قۇدرەت تېپىشقا قاراپ مېڭىشتەك ئۇلۇغ مۇساپىنى پۈتتى. ھەر قېتىملىق بەش يىللىق يىرىك پىلان (پىلان)دا، ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى گەۋدىلىك زىددىيەت، مەسىلىلەر چۆرىدىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى ئىستراتېگىيەلىك نىشانى كۈچ ئۇلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، پارتىيە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەپ، ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە ئورۇنداپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلىش مۆجىزىسى ۋە جەمئىيەت ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش مۆجىزىسىنى ياراتتى.

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىپ، دۆلىتىمىز ئۈچ بەش يىللىق يىرىك پىلان مەزگىلىنى سەرپ قىلىپ 2035 - يىلىغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدۇ، يەنە ئۈچ بەش يىللىق يىرىك پىلان مەزگىلىنى سەرپ قىلىپ باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىدۇ. «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشتىكى «يول باشلىغۇچى» يىرىك پىلان.

بۇ، مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىنى ئىگىلەش، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما ——

ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات ئۆزگىرىشى بار، پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ زورلۇقى ئوخشاشلا مىسلىسىز.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، يىرىك پىلان تەكلىپىدە مەۋقە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىنىپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئورنى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپى ۋە ئىقتىسادنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يول تاللىشى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. يىرىك پىلان پىروگراممىسىدا يىرىك پىلان تەكلىپىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يىرىك پىلان تەكلىپىدە ئايدىڭلاشتۇرۇلغان چوڭ يۆنىلىش، چوڭ ئىستراتېگىيە كەلگۈسى تەرەققىياتتىكى مۇھىم، زور قۇرۇلۇش، مۇھىم ھەرىكەت، كونكرېت سىياسەتكە ئايلاندۇرۇلۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئېنىق يول ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىخچام سۈرەتلەپ بېرىلدى.

بۇ، خەلقنى مەركەز قىلىش، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشتىكى يۆنىلىش يېتەكچىسى ——

يېڭى دەۋرگە كىرگەندىن كېيىن، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەردى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇرغۇن يېڭى تېما، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپكە دۇچ كەلدى.

يىرىك پىلان تەكلىپىدىن يىرىك پىلان پىروگراممىسىغىچە، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى چىڭ كۆزلىنىپ، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئورتاق بېيىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، تەرەققىياتتا خەلقنى كۆزلەش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى ئورتاق بەھرىلەندۈرۈشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇلۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقى سىجىل قوزغىتىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇ ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىنىپ، ئورتاق ھالدا تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىلىدۇ.

### خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەيدىغان ھەرىكەت پىروگراممىسى

يىرىك پىلان تەكلىپىدىن يىرىك پىلان پىروگراممىسىغىچە، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئىگە بولۇش ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى. بۇ، ھەم جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلان سىستېمىسىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى.

2019 - يىلى 10 - ئايدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشنى باشلىدى ھەم بىر قاتار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئالاقىدار مۇھىم، زور مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق ۋە تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ، ئالاقىدار تارماقلاردىن ۋاقتىدا تەتقىق قىلىش - ھۆكۈم قىلىش، بالدۇر تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

2020 - يىلى 3 - ئايدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يىغىن ئېچىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپى مەسىلىسىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىشنى قارار قىلدى ھەم ھۆججەت تەييارلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش يىرىك پىلان تۈزۈشنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى.

«14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپىنى ياخشى تەييارلاش ئۈچۈن، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم يەرلىككە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، دېھقانلار ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ، كارخانىلارغا كىردى، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ياخشى تەدبىرلەرنى سورىدى.

2020 - يىلى 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەتتە مەيدان مەخسۇس تېمىلىق سۆھبەت يىغىنىنى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، كارخانىچىلار، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار، ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى قاتارلىق ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى قاتلامدىكى زاتلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى.

تور ئەھلىنىڭ جەمئىي 1 مىليون 18 مىڭدىن ئارتۇق چارە - تەدبىرى تاپشۇرۇۋېلىندى!

2020 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتى بويىچە توردا پىكىر ئېلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئالاقە تورى ئارقىلىق يىرىك پىلان تۈزۈش توغرىسىدا پۈتۈن جەمئىيەتتىن پىكىر ۋە تەكلىپ ئېلىندى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلان تۈزۈش تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىقى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدا مەخسۇس مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ تەدبىر سوراپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنى تۈرلۈك شەكىلدە «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى، ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەجرىبىلىرىنى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشتە تولۇق قوبۇل قىلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

2020 - يىلى 10 - ئايدا، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى يىرىك پىلان تەكلىپىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «پىروگرامما لايىھەسى»نى تۈزۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئالدىنقى مەزگىلدىكى نۇرغۇن خىزمەتلەر ئاساسىدا، ئومۇميۈزلۈك ھالدا مەركەز تەكلىپىنىڭ روھىغا ئۆلچەم بويىچە توغرىلىنىپ، تەلەپ بويىچە توغرىلىنىپ، پىروگرامما لايىھەسىنى تەييارلاپ شەكىللەندۈردى.

پىروگرامما لايىھەسىنى تۈزۈش، تەييارلاش جەريانىدا، گوۋۇيۈەننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى «پىروگرامما لايىھەسى»نى تۈزۈش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، پىروگرامما لايىھەسىنى تەتقىق قىلدى، مۇزاكىرە قىلدى. دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى 200دىن ئارتۇق مۇھىم، زور تېما تەتقىقاتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋە مەركەز كارخانىلىرى قاتارلىقلارنى پىروگراممىغا كىرگۈزۈلىدىغان ئاساسلىق نىشان، كۆرسەتكۈچ ۋە مۇھىم، زور سىياسەت، مۇھىم، زور ئىسلاھات، مۇھىم، زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا تەشكىللىدى، بىر قاتار سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ تارماقلار ۋە يەرلىكنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى.

خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلق رايىنى ئەكس ئەتتۈرگەندىلا، ئاندىن خەلق رايىنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. تۈزۈش مەزگىلىدە، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسى توغرىسىدا ئەقىل، تەدبىر سوراش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ئاممىنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى ھەم تور سىرتىدا 4000 پارچىدىن ئارتۇق سوئال قەغىزى تارقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ 300 پارچىدىن ئارتۇق ئىجابىي پىكىر - تەكلىپلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى.

«نىشان يۆنىلىشى بىلەن مەسىلە يۆنىلىشىنى بىرلەشتۈرۈش، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، تولۇق مەسلىھەت سوراش، دەللىلاش ئارقىلىق ھەقىقىي تۈردە جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى، ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەجرىبىلىرى پىروگرامما لايىھەسىگە تولۇق قوبۇل قىلىندى» دېدى دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇ زۇسەي تونۇشتۇرۇپ.

2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىنى قاراپ چىقتى ھەم پىرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىدى.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ 5 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى پىروگرامما لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، پىروگرامما لايىھەسىنى ھەرقايسى تەرەپلەرگە تارقىتىپ پىكىر ئېلىشنى قارار قىلدى. گوۋۇيۈەن يەنە كۆپ مەيدان سۆھبەت يىغىنى تەشكىللەپ، ھەر ساھەنىڭ، ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، گوۋۇيۈەن 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنىدىغان يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسىنى ئىلمىي تۈزۈپ يولغا قويۇش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەلەپ قىلدى: «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىنى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنۇش جەريانىدا، دېموكراتىيەنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ھەقىقىي تۈردە يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى ياخشى تۈزۈپ، يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئېچىلدى، يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسى يىغىننىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇلدى.

يىغىن يېپىلىش ئالدىدا، ۋەكىللەر، ئەزالارنىڭ تەكشۈرۈش، مۇزاكىرە قىلىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرگە ئاساسەن، تەييارلاش گۇرۇپپىسى يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىنىڭ 55 يېرىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى.

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى چېن گومىن دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى بەنگۇڭتىڭنىڭ رەھمەت خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى.

چۈنكى ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىنىڭ 50 - باب 4 - پاراگرافىغا «ئېغىر دەرىجىدىكى مېيىپلەرنى ھاۋالىلىك بېقىش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش» دېگەن بايان قوشۇلدى.

«بۇ ‹خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش›نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى» دېدى ۋەكىل چېن گومىن.

بۇنىڭدىن باشقا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىگە ئاساسەن، يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىنىڭ 38 - باب 4 - پاراگرافىغا «ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كاربون يىغىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش» قاتارلىق تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلدى.

### جاسارەت بىلەن يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىش بۇرغىسى چېلىندى

يېڭى مۇساپە باشلاندى. تارىخ بىلەن كەلگۈسىنى جىپسىلاشتۇرۇش، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش يېڭى مۇساپىدە ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

يىرىك پىلان پىروگراممىسىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باش تېمىسى گەۋدىلەندۈرۈلدى ——

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ لوگىكىلىق ئاساسىي لىنىيەسى يىرىك پىلان پىروگراممىسىنىڭ تولۇق تېكىستىگە سىڭدۈرۈلدى.

يىرىك پىلان پىروگراممىسىدا ئىقتىسادىي تەرەققىيات، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتى، يېشىل ئېكولوگىيە، بىخەتەرلىك كاپالىتىدىن ئىبارەت بەش چوڭ تۈردىكى 20 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش گەۋدىلەندۈرۈلدى، كەلگۈسى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات تومۇرى سۈرەتلەپ بېرىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

# ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىدىغان كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى مۇجەسسەملەپ، تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى يۇقىرى سۈپەتتە، يۇقىرى ئۈنۈمدە قانات يايدۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىدىغان كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى مۇجەسسەملەپ، تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، خىزمەت تەلىپىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىش، نېمىنى ئۆگىنىش، قانداق ئۆگىنىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە چوڭ يۈزلىنىشنى ئىگىلەش، پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىنقىلابىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇش، سىياسىي ئىقتىدارنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە كۈچ سەرپ قىلىپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. رەھبەرلەر باشلامچى بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، تەربىيەلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ياخشى ئۆگىنىش كەيپىياتى بەرپا قىلىپ، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. باش تېما، ئاساسىي لىنىيەنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سىياسىي يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىرلەشتۈرۈش، سىڭدۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى خىزمەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە نەتىجە - ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا سەككىز ئورۇندىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.